39-13

غۇلجا شەھەر

# تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى غ . ش

كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى

# غۇلجا شەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى

# 3

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى
غ ش كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

مۇقاۋىنى لوقمان ئەشلەگەن

# 伊宁市文史资料第三辑

---

（维　　文）

伊宁市政协文史资料委员会编
准印证：（新出）字第1834号
伊犁日报社印刷厂印制
一九九五年八月
（内部发行）

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com



1812 - يىلى فوتو رەسىمگە ئېلىنغان غۇلجا قەلئەسىنىڭ شەرق تەرەپ كورۈنۈشى .
(روسىيەنىڭ ئۆلكە تەرىپى بوگۈنكى قىزىل بايراق مېھمان خانە قارارلىق ئورنى)



1912 - يىلى فوتو رەسىمگە ئېلىنغان غۇلجا قەلئەسىنىڭ ئىچى تەرەپ شىمال دارۋازىسىنىڭ كۆرۈنۈشى. (رەسىمنىڭ سول تەرىپى بۈگۈنكى يوچيا - تېلېگراپ ئىدارىسى ئورنى)



«تائالىيە مەكتەپ» ئوقۇتقۇچى، «ئاتىلار كومىتېتى» ئەزالىرى ۋە
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 1936 – 1937 – ئوقۇش يىلىدا ابرىلكتە چۈشكەن سۈرەت

## مۇندەرىجە


شىنجاڭ ئىلى مەھكىمىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى ...... (1)

ئىلى مەھكىمىسى نىڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى ...... (32)

ئىلى مەھكىمىسى سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى ...... (42)

ئىلى مەھكىمىسىنىڭ تەزكىرىسى ھەققىدە ئىزاھات ...... (68)

ئىلىدىكى 9 قەلئەنىڭ گۈللەنگەن ۋە خارابىلاشقانلىقى ھەققىدە ......لى رۇبىڭ (106)

ئىلى ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھات ھەرىكىتى ھەققىدە ئەسلىمە ......ليۇ فىڭچى (120)

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ......لى زىيجى (142)

ئىلى باغۋەنچىلىكى تارىخىغا بىر نەزەر ......تۇرسۇن ئەلى (155)

ئىلى قىزلار گىمنازىيىسىدە ئېچىلغان «ئاياللار تېز پۈتتۈرۈش دارىل سىنىپى» توغرىسىدا ......ئەيساجان مۇسا (164)

«تائالىيە مەكتەپ» ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ھەققىدە ......ئەدىھەم ئابدۇمجىت (171)

ئېگىلمەس ئىرادىلىك ئۇلۇغ مەقسەت ئىگىسى — لىن زىيشۈينىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ۋە ئىلىدىكى ئەمەلىيىتى ......لى روبىڭ (183)

ۋەتەنپەرۋەر مەشھۇر زات — خۇيزۇ ۋاڭ قادىر ۋە ئۇنىڭ بېغى توغرىسىدا ......ۋاڭ خۇڭ، ۋاڭ يۇسەي (199)

داڭلىق ئاشپەز ئۇستا — خۇيزۇ ماداسى ......ما لىزى (202)


此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# شىنجاڭ ئىلى مەھكىمىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى

(تەھرىردىن: «ئىلى مەھكىمىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى» نى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، گۇاڭشۈينىڭ 34 - يىلى 5 - ئايدا (1908 - يىلى 5 - ئايدا) ئىلىنىڭ دوتەيى شۇگوجىڭ ئۆزى يېزىپ قالدۇرغان.

«نىڭيۈەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى گۇاڭشۈينىڭ 34 - يىلى 4 - ئايدا (1908 - يىلى 4 - ئايدا) ناھىيىنىڭ ئامبىلى لى فاڭشۇ ئۆزى يېزىپ قالدۇرغان.

«سۈيدۈڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى گۇاڭشۈينىڭ 34 - يىلى 3 - ئايدا (1908 - يىلى 3 - ئايدا) ناھىيىنىڭ ئامبىلى شاۋ رەنكوي ئۆزى يېزىپ قالدۇرغان.

بۇ «ئۈچ تەزكىرە» بىز ئۇچراتقان ھازىرقى تەزكىرىلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن يېزىلغان ئىلى تەزكىرىسىنىڭ قول يازمىسى.

بۇ «ئۈچ تەزكىرە» نىڭ ئاپتورلىرى ئۆز زامانىسىدا خان ئوردىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلاردىن بولۇپ، ھۆكۈمرانلار نۇقتىئىنەزىرى بىلەن تەزكىرە يېزىشنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغانلىقتىن كىتابتا ئۇچرايدىغان سەپسەتىلەر ئاز ئەمەس. بولۇپمۇ دېھقانلار ھەرىكىتى قاتتىق ھاقارەتلەنگەن.

بىراق تەزكىرىنىڭ يېزىق تىلى ئىخچام، بايانلىرى تەپسىلىي بېرىلگەن بولۇپ، ئىلى تارىخى، جۇغراپىيىسى، مىللەتلىرى، نوپۇس سانى قاتارلىق جەھەتلەردىن بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيالغا ئىگە قىلىدۇ.

بىز بۇ تەزكىرىنى ۋە ئىزاھات ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، تەرجىمە قىلدۇرۇپ چىقتۇق. ئەسلى تېكىستى خەنزۇ كونا

ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان بولغاچقا، ئادەم ئىسمى، يەر ناملىرى خەنزۇ ۋە مىللىي تىلدىكى ئاتىلىشىدا پەرقلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن خاتالىقلاردىن خالىي دېيىش قىيىن. كىتابخانلارنىڭ ئوقۇش جەريانىدا تۈزىتىپ كېتىشلىرىنى سورايمىز.)

# ئىلى مەھكىمىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى

## ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ ئۆزگىرىش تەرەققىياتى

ئىلى ــــ خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىلا غەربىي يۇرتتا مەشھۇر ئۇيسۇن دۆلىتى ھېسابلىنىپ، چىگو (قىزىل قورغان) قەلئەسىنىمۇ باشقۇرۇپ كەلگەن. خەن سۇلالىسى ۋۇدى زامانىدا، جاڭ چەن پىلانى بويىچە غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇيسۇن بىلەن قۇدىلاشقان. ئۇيسۇن خانى خەن سۇلالىسىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن ھۇنلارغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغان. خەن سۇلالىسى ــــ پادىشاھ شۈەندى گەنلو يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئۇيسۇن چوڭ ــ كىچىك ئىككى كۇنبىي دۆلىتى بولۇپ ئايرىلغان. (كۇنبىي ــ ئۇيسۇننىڭ دۆلەت نامى) چى گو، چوڭ كۇنبىي باشقۇرۇشىدا بولغان. خەن سۇلالىسى بۇ يەردە يەر ئېچىش، ئامانلىق ساقلاش، سىلاۋچىلىقتا چاڭ خۇيىنى ئەلچى قىلىپ تۇرغۇزغان. خەن چىڭدى ــ يۈەن يەن 2 ــ يىلى سانغون دېۋەن خۇيىزۇڭ تىركەك چېرىكچى ئەمەلى بىلەن كۆپ دۆلەت لەشكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، كىچىك كۇنبىي ئېسيانىنى باستۇرۇشقا يۈرۈش قىلىپ دىيەنلوغا قوشۇن تۇرغۇزغان، دىيەنلو خەۋپلىك ئۆتەڭ ئىدى، كېيىن 30 سەرخىل قوندافلىق ئوقياچىلارنى تاللاپ ئېلىپ، ئۇدۇللا كىچىك كۇنبىي دۆلىتىگە ھۇجۇم باشلىغان. كېيىنكى خەننىڭ 5 ــ يىلى ئۇيسۇندا تەسەللىي بېرىش ــ سىلاۋ ئىشلىرىنى يۈرگۈزگەن. سوڭ سۇلالىسى يۈەنجانىڭ 16 ــ يىلى ئۇيسۇن خانى سوۋغا ــ

سالام ئېلىپ شىمالى ۋېيغا بارغان، ۋېي پادىشاھى ئۆيسۇنغا ئەلچى قىلىپ دولۇ ۋەننى ئەۋەتكەن. سۇڭ، تاڭ سۇلالىلىرىغا كەلگەندە، غەربىي يۇرت تۈركلىرى كۈچىيىپ، ئۆيسۇننى ئۆزىگە قوشۇپ دۆلەت قۇرغان. تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنى تىنجىتقاندىن كېيىن بۇ يەرگە قايتا قورۇقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللار غەربىي يۇرتنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن ئالمالىققا ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. مىڭ سۇلالىسى جىجىلىك غەربىي يۇرتنى تاشلاپ جايۇگۈەنگە بېرىپ گومروگ تەسىس قىلىپ ئۆزىنى قوغدىغان. بۇ جايدا موڭغۇل ئويراتلىرى تۇرغان. ئويراتلار تۆت قەبىلىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، جوراس قەبىلىسى باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، بۇ جوڭغارلار ئىدى. چىڭ سۇلالىسى چەنلوڭنىڭ 22 - يىلى خانلىق لەشكەرلىرى جازا يۈرۈشى قىلىپ 24 - يىلى جوڭغارلارنى تىنجىتقاندىن كېيىن ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىغا توققۇز قەلئە بىنا قىلغان. بۇ قەلئەلەرگە ئەمەلدارلار مەھكىمىلىرى قۇرۇپ، ئۇرۇش ئوتلىرى ئۆچۈرۈلۈپ، چېگرا ئاھالىسى چەت ئەل بىلەن يۈز يىلدىن ئوشۇق بىر - بىرىگە چېقىلماي ئارام تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. تۇڭجىنىڭ 5 - يىلى خۇيزۇلارنىڭ ئىسيانى بولدى. پۈتۈن شىنجاڭ مۇنقەرزلىككە يۈزلىنىپ، ئىلىدىكى توققۇز قەلئە ئارقىمۇ - ئارقا قولدىن كەتتى. ئىسيان كۆتەرگەن خۇيزۇلار باشتا بۇ يەرنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، كېيىن ئۇيغۇرلار سۇلتان بولدى، ئىسيان كۆتەرگەنلەر ئىچكى نىزا چىقىرىپ تالىشىش - تىركىشىش قىلمىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلانغان چاروسىيە تۇڭجىنىڭ 10 - يىلى يېڭى مىلتىق، چوڭ - كىچىك توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان بىر قانچە يۈز قوشۇننى ئىلىغا ئەۋەتىپ، بىرلا جەڭ قىلىش بىلەن ئىلىنى بېسىپ ئېلىپ 10 يىل ئىشغال قىلىپ تۇرغان. گۇاڭشۈينىڭ 1 - يىلى خان لەشكەرلىرى ئىچكىرىدىن چىقىپ، تەڭرى تاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى قەلئە - شە-

ھەرلەردە تازىلاش ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا، غەربكە يۈرۈش قىلغان مەرىپەتلىك ـ مەدەنىيەتكار ھەزرەت زو زوڭتاڭ قوشۇنلىرى تىزگىنلەپ تۇرغان بولۇپ ئۇ، ئىلىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا بەش يولدىن لەشكەر تارتىپ بېرىش تەپسىلىي پىلان تۈزۈپ، ئوردىغا سۇنغاندا، ئوردىدىن: «روسىيىگە توققۇز مىليون رۇبلى (جۇڭگو پۇلىغا تۆت مىليون 5000 مىڭ سەر كۈمۈش) تۆلەم تۆلەش، تەگرى تاغنىڭ شىمالىدىكى قەلئە ـ شەھەرلەردە روسىيەلىكلەردىن باج كېچىرىم قىلىپ ئۇلارنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشلىرىغا يول قويۇش» بېكىتىلگەنلىكى توغرىسىدا جاۋاب قايتۇرغان. گۇاڭشۈينىڭ 7 ـ يىلى روسىيە بىلەن ئىلىنى قايتۇرۇش كېلىشىمى ھاسىل قىلىنغان. گۇاڭشۈينىڭ 8 ـ يىلى سانغۇن جىن جۇڭجە قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئىلىغا كېلىپ تۇرغان. ئۇ، چېگرا مۇداپىئەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قەلئە ـ شەھەرلەرنى رېمونت قىلىپ ياساتقان. شۇنىڭ بىلەن چېگرا ۋەزىيىتى ۋاقىتىنچە مۇقىملاشقان. گۇاڭشۈينىڭ 11 ـ يىلى شىنجاڭدا مەمۇرى ئۆلكە تەسىس قىلىش، ۋىلايەت ناھىيىلەرنى ئايرىپ قۇرۇش بېكىتىلگەن. گۇاڭشۈينىڭ 14 ـ يىلى ئىلىدا داۋ (مەمۇرى رايون تۇتۇغى) مەھكىمە، نازارەت ناھىيىلەرگە ئەمەلدار تەيىنلىنىپ، باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان.

ئىلى ئاتالغۇسى تەكشۈرۈلۈپ كۆرۈلگەندە، بۇ جاي ئىلى دەرياسىغا يېقىن بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغانىكەن.

## تۆت تەرەپ يوللىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى

مەھكىمە مەركىزى تۇرۇشلۇق سۈيدۈڭ قەلئەسى ئۆلكىنىڭ غەربىدە بولۇپ ئارىلىقى 1545 چاقىرىم كېلىدۇ. پايتەخت بىلەن بولغان ئارىلىق بىر تۈمەن 152 چاقىرىم، شەرقىي جىڭ نازارىتىگە 260 چاقىرىم، غەربىي ـــ روسىيە چېگرىسىغا 125 چاقىرىم، جەنۇبىي ـــ ئاقسۇ كونا شەھەر مەھكىمىسىگە 600 چاقىرىم، شىمالىي ـــ سايرام كۆلىگە 200 چاقىرىم، شەرق بىلەن



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

غەربىنىڭ ئارىلىقى 750 چاقىرىم، جەنۇب بىلەن شىمال ئارىلىقى 860 چاقىرىم، تۆت تەرەپ ئايلانمىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 500 كۋادرات چاقىرىم كېلىدۇ.

## جۇغراپىيىلىك ئورنى

مەھكىمىنىڭ شىمالىدا تەلكە تاغلىرى ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، جەنۇبتا بولسا خان تەڭرى تېغى توساق بولۇپ ئوراپ تۇرىدۇ. ئىلى دەرياسى شەرقتىن غەربكە ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئىلى دەرياسىدا كېمە قاتنىمىشى ناھايىتى قولايلىق، بۇ جايدىن يېتەرلىك ئاشلىق چىقىدۇ، لەشكەر - چېرىكلەرنى تەمىنلەشكە باياشات يېتىدۇ. ناۋادا ۋەقە يۈز بەرسە، يۇقىرى ئېقىن بويلاپ بېرىپ شەرقتە قارا شەھەرگە ياردەم بەرگىلى، تۆۋەن ئېقىن بويلاپ كېلىپ روسىيە بىلەن تۇتۇشقىلى بولىدۇ. شىمالدا گوزىگو (كەڭ ساي) تەبىئىي توساق بولۇپ تۇرىدۇ. يان ۋە ئارقا تەرەپ دۈشمەندىن ساقلىنىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. جەنۇبتا خان تەڭرى تاغ مۇز داۋىنىدىن ئېشىپلا ئاقسۇ، كونا شەھەر، كوچا قەلئەلىرىنى ئىسترەتكىلى بولىدۇ. بەلۋاغدەك سوزۇلۇپ ياتقان تاغ - دەريالارغا تايىنىپ يىبراقنى كونتىرول قىلىش مۇمكىن. بۇ، ئۆلكىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن، غەربىي يۇرتنىكى قەلئە - شەھەرلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مۇھىم جاي. ئۆتمۈشتە ئۇيسۇنلار مۇشۇ جايغا تايىنىپ، غەربىي يۇرتتا ھۆكۈم سۈرگەن. تۈركلەر بۇ يەردە تۇرغان چاغدا، خان ئوردىسىنى ئۇيان - بۇيان قىلىپ كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى بۇ جايدا قورۇقچى مەھكىمىسى قۇرغاندىن كېيىن خۇيخې (ئۇيغۇر) لار ئورنىغا سوغا - سالام ئاپىرىپ تۇرغان، يۈەن سۇلالىسى بۇ جايغا ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى قۇرۇپ، جاھانغا ئۆزىنى تونۇتالىغان. جۇڭغارلار بۇ يەرنىڭ مول ئوت - چۆپى، ئەلۋەك سۇ مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ چارۋىچىلىقنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، تەڭرى تاغنىڭ جەنۇب، شىمال ۋە

غەربىسىدىكى چەكسىز دەشتى چۆلدە ئۆز مەيلىچە زورلۇق - زومبۇلۇقلارنى قىلىپ خالىغانچە تالان - تاراج يۈرگۈزگەنلىرىدە ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ تەڭ كېلەلىگۈچىلەر بولمىغانلىقى بۇ، ئەنە شۇنداق ئەپلىك جۇغراپىيىلىك ئورۇن ۋە ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتتىن بولغان ئەمەسمۇ! چىلىڭ سۇلا- لىسى چەنلۇڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرت تىنجىتىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن مەملىكەت تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن. پادىشاھ گاۋ زوڭچۇڭ يىراقنى كۆزلىگەن ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ، بۇ جايغا ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇھىم ئورۇنلارغا مۇداپىئە قىسىملىرىنى تۇرغۇز- غان. چېگرا تىنچلاندۇرغۇچى ئالاھىدە بىر ئۇلۇغ قول سانغۇننى ئىلىكە تەيىنلەپ تەگرى تاغنىڭ جەنۇبى، شىماللىرىدىكى ھەربىي ئىشلارنى باش- قۇرۇش بىلەن، ئۇرۇمچىنىڭ بۇيرۇقىنى ۋە قەلئە - شەھەرلەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغان. خان ئامبال، ئاغلاقچى ئام- باللار ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئەپلىك ئورۇنلارنى ئىگىلەپ ئېگىزدىن تۆۋەننى نىشانلايدىغان ئۈستۈنلۈكتە قوشۇنلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى كونترول قىلدۇرغان.

چوڭ پۈتۈكچى دورغا، دىۋان بەگلىرىگە تۆرە، بەگ، غوجا ئوتتۇ- غاتىلىرى، قابىل سانغۇن ۋەزىر - ئامباللارغا شاھ - سەركەردە مەرتىۋىلىرىنى ئىلتىپات قىلىپ، ئۇلارغا ئىلىدا تۇرۇپ، جايلارغا قوماندانلىق قىلىش خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى يۈكلەپ پەرمايىش قىلغان. داۋگۇاڭنىڭ شەنفىڭ يىللىرى بىردىنلا تاڭ سەھەردە جەنۇبىي شىنجاڭدا توپىلاڭ چىققان خەۋەر يېتىپ كەلگەن ھامان ئىلىدا تۇرۇشلۇق قوشۇن دەرھال كېچىلەپ يولغا ئاتلىنىپ، مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ، چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەپ ماڭدى. ھەممە يەر يالمان تۇتقان، توغ - ئەلەم كۆتەرگەن لەشكەرلەر بىلەن تولدى. شىددەتلىك ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇمغا چاغ كېلەلمىگەن توپىلاڭچىلار ھەش - پەش دېگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا،

تارمار قىلىنىپ، تېزلا ئۇچۇقتۇرۇۋېتىلدى. ئۆتمۈشتە بولغان بۇ ساۋاقلار ھەممىگە ئايان ئەلۋەتتە!

## قەلئە شەھەر، يەر ناملىرى

مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىدا توققۇز قەلئە، ئىككى ناھىيە بولغان. سۈيدۇڭ قەلئەسى (يەر نامى موڭغۇلچە ئۇقارلىق، مەھكىمە باشقۇرىدىغان قەلئە)، خۇييۈەن (كونا قەلئە — ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدا، ئۇرۇش يانغىنلىرىدىن كېيىن دەريا سۈيىنىڭ ئۇرىشى بىلەن يار ئېلىپ قەلئەنىڭ يېرىمىنى دولقۇن ئېقىتىپ كەتكەن.) گۇاڭشۈيىنىڭ 15 - يىلى كونا قەلئەنىڭ شىمالىغا 15 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا قايتىدىن يېڭى بىر قەلئە سېلىنىپ، جاڭجۈن ھەم نائىپ زەڭگى، ئاغلاغچى ئامبال، يېڭى كونا مانجۇ باتالئون (يىلى) نىڭ ئەمەلدار چېرىكلىرى قەلئەنىڭ شەرقىگە 20 چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە كۆچۈپ باردى. گۇاڭرىن (لوسگوڭ — يەر نامى ئوكور بورسۇق قەلئەنىڭ شىمالى 60 چاقىرىملىق يەردە)، جىندى قەلئەسى (يەر نامى چاغانوسۇ — چىڭسخوزا، قەلئەنىڭ غەربىگە 40 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە)، گوڭچىن (يەر نامى قورغاس، قەلئەنىڭ غەربىگە 90 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە)، تارجى قەلئەسى (قەلئەنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 10 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە)، خۇيىنىڭ قەلئەسى (يەر نامى باياندىي، قەلئەنىڭ شەرقى جەنۇبىدىن 70 چاقىرىم نېرى جايدا)، شىچۈن قەلئەسى (يەر نامى قارا بولاق بۇرۇنقى كونا چىلپەگزە، ھازىرقى خەنبىنىڭ يېزىسى)، قەلئەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 80 چاقىرىم نېرى، نىڭيۈەن قەلئەسى (يەر نامى غۇلجا، يەنە بىر نامى ئالتۇن قۇببىلىق سومە قەلئەنىڭ شەرقى جەنۇبىدىن 90 چاقىرىم نېرى) بۇنىڭدىن باشقا 27 ئورۇندا، يېزا - قىشلاق، ئۇ مەيدانى بار، بۇ جاي سۈيدۇڭ، نىڭيۈەن ئىككى قەلئەنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدە بولۇپ، مەھكىمە باشقۇرۇشىدا يەر بولمىغان. مەھكىمە تەپتىشلىك قىلىش، ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش جەھەتلە-

رىدىكى تەكشۈرۈش، تاللاش ئىشلىرىنى باشقۇرغان.

**ئاسترانومىيە ئەھۋالى.**

مېردىئان ۋە پارالېل گرادوسى

مېردىئان گرادوسى 43 گرادوستىن 45 گرادوسقىچە.

پارالېل گرادوسى 80 گرادوستىن 84گرادوسقىچە.

سوغاق ۋە ئىسسىق گرادوسى

ئىسسىق گرادوسى (سېلسىيە سوغاق ۋە سېلسىيە ئىسسىق ئۆلچىمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى 39.5 گرادوس)

سوغاقلىق گرادوسى (سېلسىيە سوغاق ۋە ئىسسىق ئۆلچىمىنىڭ ئەڭ تۆۋەن نۇقتىسى 0 (نۆل) دىن تۆۋەن 26 گرادوس)

**يامغۇر مىقتارى**

ئىلىدا يامغۇر مىقتارى ھەر يىلى ياز ۋە كۈز پەسلى يامغۇر ئاز، يەرگە سىڭىش مىقتارى 4 تىن 5 سۇلۇڭ؛ قىش ۋە ئەتىياز پەسلى يامغۇر كۆپ قار قېلىن بولۇپ، قارنىڭ چۈشۈش قېلىنلىقى 2 دىن 3 سۇلۇڭ، ھەر يىللىقى ھوسۇلنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى قارنىڭ چۈشىشىگە باغلىق. ئەتىيازلىقى قار ئېرىغاندا دەريا ـ ئۆستەڭلەردە سۇ كۆپىيىپ تاشقىنلايدۇ. ھۆكۈمەت، يۇقىرا توغان ياساپ، ئۆستەڭ چېپىپ ئېرىق ئېلىپ ئېكىنلىك لىرىنى سۇغۇرۇشقا سۇ باشلايدۇ، بىر نەچچە ئورۇن بولاق سۈيى بىلەن يەر سۇغىرىدۇ.

**ھاۋا رايى**

مەھكىمە جايلاشقان ئورۇن تاغقا يېقىن، ھاۋا كېلىماتى ئىللىق، تاغنىڭ شىمال ئېتەكلىرىنىڭ ھاۋا كېلىماتى قۇرغاق. ئەتىياز 3 ـ ئايلارغا كەلگەندە ئوت ـ چۆپ، گىيالار ئۈنۈشكە باشلايدۇ، بۇ چاغدا دېھقانلار يەرلەرگە ئۇرۇق سېلىشقا كىرىشىدۇ. 4 ـ ئايدا شال تېرىلىدۇ؛ 6 ـ ئايدا بۇغداي پىشىدۇ. 8 ـ ئايدا شال يىغىلىدۇ. مېۋە ـ چېۋىنىڭ پىشىدىغان

ۋاقتى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

## جۇغراپىيىلىك شارائىت

### تاغ تىزمىلىرى:

ئىلى خەرىتىسىدە تەلكە تېغى (كەڭ سايىنىڭ ئەتراپىلىرىدىكى تاغ، سايرام كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇمپۇتوزىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى غەربتىن قورغاس چېگرىسىغىچە 200 چاقىرىم كېلىدۇ، تاغ كۆنگەيلىكىنى مول ئۆسكەن ئوت - چۆپ تەكشى ئورمان قاپلىغان. تەلكە تېغى كەڭ سايدىن چىقىدىغان سۇ بەلۋاغسىمان ئايلىنىپ ئېقىپ ھۆكۈمەت چارۋا مەيدانىغا بارىدۇ. تاغنىڭ غەربى ھازىرقى جۇڭگو - روسىيە چېگرىسىنى ئايرىغان چوڭ يول بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبى تاغ جىلغا يولى ئىلى مەھكىمىسى باشقۇرۇشىدىكى يوققۇز قەلئە بىلەن تۇتىشىدۇ، تەلكە تېغى مۇشۇ جايدىكى ئاساسلىق تاغ، ئۆتەر يولدىكى مۇھىم ئېغىز) دەپ كۆرسىتىلگەن.

گىدىلىك تېغى: (ئۆلۈتنىڭ يۇقىرى ئۈچ خوشۇن كۆچمەن چارۋىچىلار يېپىرىدىكى جۇڭگو - روسىيە چېگرىسىنى ئايرىغان 7 - بەلگە ئورنىتىلغان تاغ. چەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى پادىشاھ گاۋ زوڭچۇڭ جۇڭغارلارنى تىنچىتقانلىقىغا ئاتاپ خاتىرە ئابىدىسى ياسىتىپ مۇشۇ تاغ چوققىسىغا ئورناتقان) قاشنىڭ داۋىنى (داۋان يانتۇ تاغ يولى دېگەنلىك. ئۆلۈت يۇقىرى ئۈچ خوشۇنى كۆچمەن چارۋىچىلار يېرىدىكى جۇڭگو - روسىيە چېگرىسىنى ئايرىپ قويۇلغان 10 - بەلگە بار ئورۇن)، سوگور داۋىنى (سوگور قوخىسىنىڭ جەنۇبىدىن 20 چاقىرىم نېرى جايدا)، شارانۇخا داۋىنى (قاش داۋىنىنىڭ شەرقىدىن مەھكىمە قەلئەسىنىڭ شەرقىگە 30 چاقىرىم نېرى جايدا)، ئاتان داۋىنى (تېكەس دەرياسىنىڭ شىمالى قىرغىقى، مەھكىمە قەلئەسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىن 230 چاقىرىم نېرى جايدا)، ئېرەن قابىر تېغى (مەھكىمە قەلئەسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىن 330 چاقىرىم نېرى، ئىرگى كۆنگەيلىكى، شىمالى چونجى قىشلىقى، نىڭيۈەن ناھىيىسىگە تەۋە)،

ئاۋرال تېغى (مەھكىمە قەلئەسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىن 190 چاقىرىم نېرى جايدا. شۇ يەردىكى ئادەملەر بۇ تاغنى دوسەنزە دەپ ئاتايدۇ)، بوربوغا سۇ تېغى (يەنى بوروخورو تېغى، مەھكىمە قەلئەسىنىڭ شەرقىدىن 190 چاقىرىم نېرى، جىنىڭ نازارىتىگە تەۋە دىنولتاي بىلەن چېگرالانغان يەردە)، قاشنىڭ تېغى (مەھكىمە قەلئەسىنىڭ ئودۇلىدىن شەرققە 200 چاقىرىم نېرى، بۇ تاغنىڭ ئايلانمىسى نەچچە يۈز چاقىرىم بولۇپ، تاغدىن كۈمۈش چىقىدۇ)، نارتوداۋىنى (بۈگۈنكى نارات داۋىنى، مەھكىمە قەلئەسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىن 600 چاقىرىم نېرى بولغان ئولوتنىڭ تۆۋەن بەش خوشۇن چارۋىچىلار ئوتلاقلىرى بولغان يەردە)

**دەريا - ئېقىنلار:**

ئىلى دەرياسى: شىنجاڭ سويولى ھەققىدە يېزىلغان باياندا ئىككى ئورۇندىن باشلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئىلى دەرياسىنىڭ غەربى جەنۇبى تېكەس دەرياسىدىن، شەرقى ئىگىۋەن ناھىيىسىگە تەۋە كونگوس (بۈگۈنكى كۈنەس دەرياسى — ت) دىن باشلىنىدۇ. بۇ ئىككى دەريانىڭ سۈيى قوشۇلۇپ ئىلى دەرياسىنى ھاسىل قىلغان. (غەربكە قايرىلغان ئېقىنى 150 چاقىرىم، ياماتودىن ئۆتىدۇ. غەربى شىمال ئېقىنى 210 چاقىرىم) كونا كۈرە قەلئەسىدىن (غەربى جەنۇب ئېقىنى 120 چاقىرىم) ئۆتىدۇ. دەريانىڭ بېشى قاراۋۇلخانىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆلدىن چىقىپ روسىيە تەۋەسىگە ئۆتىدۇ. ئېقىن ئۇزۇنلۇقى 17200 چاقىرىم.

تېكەس دەرياسى: يەنە بىر ئىسمى تېكەس ئۆزىكى، روسىيىنىڭ مۇسار تېغىدىن باشلىنىدۇ. (شەرقى شىمال ئېقىنى 300 چاقىرىمدىن ئارتۇق) خوسۇمتۇ قاراۋۇلخانىسىنىڭ غەربى جەنۇبىدىن ئۆتۈپ سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىگە كىرىدۇ. (شەرقى شىمال ئېقىنى 130 چاقىرىم) خۇروخا قوختىسىنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق (ئېقىن ئۇزۇنلۇقى 90 چاقىرىم) سەقىن توخا (شەرقى ئېقىنى 190 چاقىرىم) دىن ئۆتۈپ مۇڭكىت تېغى



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com